# خەلقئارا جەمئىيەت ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىنى ئەيىبلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى** شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو تەرەپنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىدى، خەلقئارا جەمئىيەت مۇنداق قارىدى: ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇ ھەرىكىتى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشقانلىق، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا غەرەزلىك داغ تەگكۈزۈپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىغا قارا چاپلىغانلىق بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچىمىنى ئاشكارىلىدى.

سۈرىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى بايانات ئېلان قىلىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسى ماقۇللىغانلىقى خەلقئارا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئاشكارا ئارىلاشقانلىق، دەپ ئەيىبلىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىشكە كۈچ چىقىرىپ، خەلقئارانىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. جۇڭگو ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى، زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا ھوقۇقلۇق.

ئىران دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى باياناتىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش ئامېرىكىنىڭ «دائىملىق» قىلمىشىغا ئايلاندى. ئامېرىكىدىكى يەرلىك ئىندىيانلارنى يوقىتىپ، ئافرىقىلىقلارنى قۇل قىلىش تارىخى بار، ئافغانىستان، ئىراق، سۈرىيە، لىۋىيە، يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەردە قىرغىنچىلىق پەيدا قىلغان دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىرق مەسىلىسى ھەمدە باشقا دۆلەتلەرنىڭ مىللەت ئىشى توغرىسىدا كەلسە - كەلمەس بىلجىرلاشقا ئەسلا سالاھىيىتى يوق.

فرانسىيەنىڭ جۇڭگو مەسىلىسى مۇتەخەسسىسى سونىيا برېسلېي كۆپ قېتىم شىنجاڭنى زىيارەت قىلغان. ئۇنىڭ نەزەرىدە شىنجاڭ كۆپ مىللەت ئىناق بىللە ياشايدىغان جاي. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسى ماقۇللىغانلىقى ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك تەپەككۇرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. «كىشىلىك ھوقۇق» پەقەت ئامېرىكىنىڭ ئاممىۋى پىكىرنى خاتا يېتەكلەيدىغان دەستىكى.

مىسىر دىپلوماتىيە ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىززەت سائاد ئىككى يىل ئىلگىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ زىيارەت قىلغان. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت ئىلگىرىلىشى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شىنجاڭنىڭ ئىشى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. ئامېرىكىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتنى ئاساس قىلىپ، ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق» مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشقانلىقى بىر خىل «قاقتى - سوقتى قىلغانلىق».

ئافغانىستان «ئافغانىستان كۈندىلىك نەزەر گېزىتى»نىڭ مەخسۇس ئىستون يازغۇچىسى ھاجاتۇرا زىيا مۇنداق دېدى: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، ئۇنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچىمى ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىغا ناھايىتى كۆپ ئازاب - ئوقۇبەت ئېلىپ كەلدى. ھەرقانداق دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىر قوللىنىپ «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىش، تېررورلۇق تەھدىتىنى تۈگىتىش ھوقۇقى بار.

كېنىيە ئامېرىكا خەلقئارا داشۆسىنىڭ ئاممىۋى سىياسەت ئىلمى لېكتورى ستېفېن ئىندىڭگۋا مۇنداق دېدى: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقى جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئاشكارا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەيىبلىگۈدەك يېرى يوق، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسى يۈز بەرمىدى، بەختەتلىك ۋە زىيىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئاساسسىز ئارىلىشىشنى توختىتىشى كېرەك.

ھىندونېزىيە ئاقىللار ئامبىرى ئاسىيا يېڭىلىق يارىتىش تەتقىقات مەركىزىنىڭ رەئىسى، ھىندونېزىيە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى جەنۇبىي ئوكيان فوندى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى باناڭ سۈرىيونو مۇنداق دېدى: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» پۈتۈنلەي پاكىتقا كۆز يۇمغانلىق، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغانلىق، زومىگەرلىك ۋە مۇداخىلىچىلىكنىڭ روشەن مىسالى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا يولغا قويغان سىياسەتتە شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى ۋە مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتقان بولۇپ، يولغا قويۇلۇپ ئۈنۈمى كۆرۈلدى، ئۆرنەك ئېلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ.

رۇسىيە فېدېراتسىيەسى مالىيە - پۇل مۇئامىلە داشۆسى سىياسىي فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى گۆورگ مىرزويان مۇنداق قارىدى: ئامېرىكىنىڭ مۇتلەق سىياسىي مۇددىئانى چىقىش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە كۆز يۇمۇپ، «كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئاشكارا ئارىلاشقانلىق.

**(قاتناشقان مۇخبىرلار: ۋاڭ جيەن، جېڭ يىخەن، شۈ يۈكچۈن، ۋۇ دەننى، چېن شىن، زوۋ دىلۇ، ياڭ جىن، چۈ شىنيەن، جېڭ شىبو، لۇەن خەي)**

## ئالدىنقى ئون ئايدا شىنجاڭ ساياھىتى 50 مىڭ كىشىنىڭ يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ساياھەت كەسپى يۇرتداشلارغا ياخشى «پايدا» ئېلىپ كەلدى. دېھقانلار ئارامگاھىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن باشقا، بەزى كاللىسى ئۆتكۈر كەنت ئاھالىلىرى يېقىن ئەتراپتا دۇكان ئېچىپ، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تىجارىتى قىلىپ، خېرىدارلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. «كەنت گۈزەللەشتى، ساياھەتكە كېلىدىغانلار كۆپەيدى، مەن پۇقراۋى قونالغۇ ئاچماقچى بولۇۋاتىمەن، ساياھەتچىلەر بىزنىڭ ئۆيدە يېتىپ - قوپسا، تاماق يېسە بولىدۇ» دېدى چىڭلۇۋەن ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق كەنت ئاھالىسى تۇرسۇنتوختى تۇردىباقى.

«ساياھەت كەسپى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىللىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى يېڭى ئېشىش نۇقتىسى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىسى ما جيەنيۈن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ساياھەت كەسپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا جەلپ قىلىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، تېخىمۇ كۆپ ئادەم، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى نامرات ئاممىنىڭ يېزا - كەنت ساياھىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، مەنزىرە رايونلىرىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش، كەچلىك بازاردا يايما ئېچىش، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇندى.

ما جيەنيۈن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىز سىياسەت، مۇلازىمەت، تەربىيەلەش جەھەتتە ئۇنىۋېرسال كۈچ چىقىرىپ، ساياھەت بويىچە كەسپىي تەربىيەلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدە ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش پىلانى قاتارلىقلارنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ساياھەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، ساياھەت مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ ساياھەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تايىنىپ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

«بىز يېقىنقى مەزگىلدە ئاشپەزلىك، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ماھارەت ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىلىرىنى ‹ساياھەتنىڭ تامقى›نى يەپ بېيىش يولىغا مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى پىلانلىدۇق» دېدى شىنجاڭ تىببىي داشۆسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى ساۋ جۈمىڭ.

# ئامېرىكا تەرەپنىڭ رەزىل سۇيىقەستى قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدۇ

## —— مۇتەخەسسىسلەر ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسى نەيرىڭىنى ئوينىتىش رەزىل نىيىتىنى پاش قىلدى، تەنقىد قىلدى

☐ **خەلق گېزىتى مۇخبىرلىرى لىيۇ ۋېيتاۋ، لى چاڭيۈ**

شۇ يەر ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭدا قانات يايدۇرغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى.

بۇنىڭغا قارىتا، كۆپلىگەن مۇتەخەسسىسلەر گېزىتىمىز مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق كۆرسەتتى: شىنجاڭنىڭ ئىشلىرى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە مىللەت مەسىلىسى ئەمەس، دىن مەسىلىسى ئەمەس، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى؛ ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ كەلسە - كەلمەس قول تىقىشتىكى مەقسىتى ئاتالمىش شىنجاڭ مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

### شىنجاڭدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى خالىغانچە بۇرمىلاشتىكى نىيىتى رەزىل

«ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى› پۈتۈنلەي قەستەن بوھتان چاپلىغانلىق ۋە قارا چاپلىغانلىق بولۇپ، باشتىن - ئاخىرى ھەممىسى پىتنە - ئىغۋا ۋە يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ئاساسىدا قۇرۇلغان.» 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىياتى ۋە ئالماشتۇرۇش مەركىزى ئاچقان مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» توغرىسىدا توختالغاندا، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى(دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) خەلقئارا ئىستراتېگىيە تەتقىقات يۇرتىدىكى پروفېسسور لى يۈنلوڭ ناھايىتى غەزەپلەندى، ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: «قانۇن لايىھەسى»دە ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى زۇلۇمغا ئۇچرىدى، ئەركىن ئەمەس دەپ بۇرمىلانغان بولۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، «شىنجاڭغا بېرىپ باققانلىكى كىشىنىڭ ھەممىسى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ، جەمئىيەت خاتىرجەم - ئىناق، پۇقرالار خاتىرجەم ياشايدۇ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ئەركىن شۇنداقلا بەختلىك».

«ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش ‹قانۇن لايىھەسى›دە دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە پۈتۈنلەي بوھتان چاپلانغان.» جۇڭگو خەلق داشۆسى كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى، پروفېسسور جۇ لىيۇ مۇنداق دېدى: «جۇڭگو سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت، بىزنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمگە زەربە بېرىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قانۇن راۋىكسى ئىچىدە بولۇپ، قانۇننى ئۆلچەم قىلغان.» بۇ ئاساسىي قانۇن، مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى ھەمدە شىنجاڭنىڭ يەرلىك نىزاملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، «شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىز ئېلىپ بارغان ھەربىر تۈرلۈك پائالىيەتنىڭ ھەممىسىنىڭ قانۇن ئاساسى بار».

«ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىشى ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ چىگرا ئىچى - سىرتىدا تېررورىزم پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ‹شەرقىي تۈركىستان› كۈچلىرىگە يانتاياق بولۇپ يەل بەرگەنلىك.» جۇڭگو ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى مۇتەخەسسىسى لى ۋېي مۇنداق دېدى: چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ تېررورلۇق پائالىيەتلىرى جۇڭگونىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىغا ئىنتايىن زور تەھدىت پەيدا قىلىپلا قالماي، بەلكى باشقا دۆلەتلەرگىمۇ ئوخشاشلا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. ئامېرىكا ئۇزاقتىن بۇيان جۇڭگودا مالىمانچىلىق پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىدىن ئىبارەت بۇ قورالنىڭ ۋەيران بولۇشى، تارمار قىلىنىشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. «شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، نېمە ئۈچۈن جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتى گەۋدىلىك نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشكەن ئەھۋالدا، ئامېرىكا يەنە ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى›نى ئويدۇرۇپ چىقىردۇ. بۇ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئامېرىكا ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، يەنە بىر قېتىم تېررورلۇقنى قوللاش پەردە ئارقىسىدىن سەھنىگە چىقتى» دېدى لى ۋېي.

### ھە دەپ كىشىلىك ھوقۇق ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا قوش ئۆلچەم قوللىنىشقا كىشىلەر لەنەت ئوقۇيدۇ

ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»دە ھە دەپ كىشىلىك ھوقۇق ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا قوش ئۆلچەم قوللىنىشى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى.

«بۇ ‹قانۇن لايىھەسى› كىشىنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈرىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن تاسادىپىيلىقمۇ ھېس قىلمىدۇق، چۈنكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئامېرىكىدا ئەزەلدىن بىر سىياسىي قورال.» جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى شېن يۇڭشياڭ مۇنداق دېدى: كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ئەسلىدە ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئورتاق ئىنتىلىدىغان گۈزەل ئىش، خەلقئارا ھەمكارلىق ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان ئەڭ ياخشى ساھە ئىدى، لېكىن ئامېرىكا ئۇنى سىياسىيلاشتۇرۇپ، باشقا دۆلەتلەرگە بېسىم قىلىدىغان بىر خىل سىياسىي قورالغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى ھەمكارلىققا قاتمۇقات قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. «ئامېرىكا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نورمال بىر تەرەپ قىلىش مېخانىزمى ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ، شۇڭا يەككە تەرەپچىللىك قىلىپ، ئۆز ئالدىغا باشقا دۆلەتكە مۇناسىۋەتلىك ئاتالمىش ‹قانۇن لايىھەسى›نى چىقاردى، بۇ پەقەت بىر مەيدان كۈلكىلىك ئويۇن خالاس» دېدى شېن يۇڭشياڭ.

«ئوخشاشلا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ئامېرىكىمۇ ئۆزى توغرىسىدا قايتا ئويلىنىشى كېرەك، تېررورلۇققا شۇنچە ئۇزاق يىل قارشى تۇرغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن تېررورىزم مەسىلىسى ھەل بولمايدۇ؟ ناھايىتى چوڭ سەۋەب شۇكى، ئامېرىكا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ھە دەپ قوش ئۆلچەم قوللاندى، بۇ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىققا پايدىسىز بولۇپ، خەلقئارا بىرىكمە كۈچنى ئاجىزلىتىۋەتتى، ئامېرىكا تەرەپ ساۋاقنى قوبۇل قىلمىسا، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ» دەپ بىلدۈردى شېن يۇڭشياڭ.

«ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش سىياسىتى - تەدبىرىگە بوھتان چاپلىغانلىقى ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچىمىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.» نەنكەي داشۆسى كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى چاڭ جيەن مۇنداق دېدى: ئامېرىكىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى خەلق ئاممىسى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى سىياسىي ئەربابلارنى قانۇنسىز كۆزىتىپ تىڭشىشى، شەخسلەرنىڭ يان تېلېفونى ۋە كومپيۇتېرىنى خالىغانچە تەكشۈرۈشى ھەمدە چەت ئەلدە نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ پۇقرانى قالايمىقان ئۆلتۈرۈشى خەلقئارا جەمئىيەت ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنىنىڭ بىردەك ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى، لېكىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ ئۆزىنىڭ بۇ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىدىن قاچتى. «ئەكسىچە، جۇڭگونىڭ تەلىم - تەربىيە شەكلى ئارقىلىق يولغا قويغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىنى كۈچەپ ئەيىبلىدى، بۇنداق ئوچۇق - ئاشكارا قوش ئۆلچەمنى ئۇنىڭ ئارقىسىغا رەزىل سىياسىي غەرەز يوشۇرۇنغان دەپ چۈشەندۈرۈشكىلا بولىدۇ».

«كىشىلىك ھوقۇق ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى قوش ئۆلچەم ئامېرىكىنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتىنى يوقاتماقتا.» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى جوۋ شاۋچىڭ مۇنداق دېدى: ئامېرىكا بىر تەرەپتىن، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، سىرتقا قارىتا كۆپ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۇدا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىپ، مۇسۇلمىسىز ئىنسانپەرۋەرلىككە يات ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئىچكى جەھەتتە مۇسۇلمان ئاز سانلىقلار توپىنى باستۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدە ئىرقىي مۇناسىۋەتنىڭ جىددىيلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بىر تەرەپتىن، ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونى توسۇشنى ئۈمىد قىلدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قوش ئۆلچىمى ۋە رەزىل نىيىتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، «ئەگەر ئامېرىكا تەرەپ داۋاملىق قوش يۈزلۈكلىكنى كىشىلەرگە نامايان قىلسا، مۇقەررەر ھالدا ئامېرىكىنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتى تېخىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ».

### شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش سۇيىقەستىنىڭ چاۋىسى چىقىپ قالدى

مۇتەخەسسىسلەر بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلدى، پاكىتنى ئويدۇرۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش سۇيىقەستىنىڭ چاۋىسى چىقىپ قالدى.

«ئامېرىكا ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى›نىڭ مەقسىتى ئاتالمىش شىنجاڭ مەسىلىسىنى سۈنئىي پەيدا قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش، ئۇنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر مەقسەت بار، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگونىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشىنى توسۇش.» غەربىي جەنۇب سىياسىي - قانۇن داشۆسى كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئىجرائىيە يۈەنجاڭى، پروفېسسور جاڭ يۈڭخې مۇنداق بىلدۈردى: ئامېرىكا باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھەققىي كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، كىشىلىك ھوقۇق پەقەت ئۇلارنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە زەربە بېرىشتىكى باھانىسى، شۇنداقلا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشتىكى باھانىسى، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نىڭ مەقسىتى ھەققىي تۈردە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قوغداش ئەمەس، بەلكى ئاتالمىش شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ جۇڭگودا مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى قوزغىتىپ، شۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشتىن ئىبارەت.

مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىنىڭ پروفېسسورى ياڭ گۇيپىڭ مۇنداق دېدى: ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلىشىپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ رەزىل نىيىتىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى.

«شىنجاڭنىڭ باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.» مەركىزىي كومپارتىيە مەكتىپى (دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) مىللەت ۋە دىن ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى پۇ چاڭچۈن مۇنداق بىلدۈردى: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى جۇڭگوغا قارشى بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى بۇ «قانۇن لايىھەسى»گە ھە دەپ تۈرتكە بولدى، چۈنكى ئۇلار جۇڭگونى ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارا زومىگەرلىكنى يولغا قويۇشتىكى توسالغۇ دەپ قارىدى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى جۇڭگونى پارچىلاش ۋە ئاغدۇرۇش. «ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئويۇنى پەقەت بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىق، ئۇلار بىر تارىخىي پاكىتنى چۈشەنمىدى: 5000 يىلدىن ئارتۇق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، جۇڭخۇا مىللىتى قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا دۇچ كەلگەنسېرى، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى شۇنچە كۈچىيىدۇ» دېدى پۇ چاڭچۈن.

**(«خەلق گېزىتى»نىڭ 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان)**